# ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈش تۇرمۇش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن تىرىشىش

## يېشىل تەرەققىيات، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 2016 - يىلى 12 - ئايدا، ئۇ مەركەز مالىيە - ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىشنى تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى: تۈرگە ئايرىپ تاشلايدىغان، تۈرگە ئايرىپ يىغىدىغان، تۈرگە ئايرىپ توشۇيدىغان، تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەخلەت بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى تېزدىن ئورنىتىپ، قانۇن ئىدارە قىلىشنى ئاساس قىلغان، ھۆكۈمەت تۈرتكە بولىدىغان، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىدىغان، شەھەر، يېزا بىرتۇتاش پىلانلايدىغان، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرىدىغان ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش كېرەك. شى جىنپىڭ يەنە كۆپ قېتىم نەق مەيداندا ئاساسىي قاتلامنىڭ ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى ھەم بۇ خىزمەتكە قارىتا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىز ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش تۈزۈمىنى تېزدىن كېڭەيتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتى نۇقتىدىن دائىرىگە كېڭەيتىلدى، قەدەممۇقەدەم قوزغىتىلدى، نەتىجە - ئۈنۈمى دەسلەپكى قەدەمدە نامايان بولدى، 46 نۇقتىلىق شەھەر ئاۋۋال يولغا قويۇپ ئاۋۋال سىناق قىلىپ، ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىشنى ئالغا سىلجىتىشتا پائال ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى. 2019 - يىلىدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى شەھەرلەر تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تۈرگە ئايرىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى، 2020 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 46 نۇقتىلىق شەھەر ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىدۇ، 2025 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن پۈتۈن مەملىكەتتە ۋىلايەت دەرىجىلىك ھەم ئۇنىڭدىن يۇقىرى شەھەرلەر ئەخلەتنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇپ چىقىدۇ.

# ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرايلى

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، پۈتۈن پارتىيەدە باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىش يۆنىلىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بۇ تۈپ ۋەزىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇش، نەزەرىيە بىلەن پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرغاندىلا، ئاندىن پۈتۈن پارتىيەنى تېخىمۇ قەتئىي، ئاڭلىق ھالدا يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ تارىخىي بۇرچى ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، ماركسىزمنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىپ تۇرغۇزغان. پارتىيەمىز ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشقا ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، باشتىن - ئاخىر ئىدىيەۋى نەزەرىيە قۇرۇلۇشىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا باش ئورۇنغا قويۇپ كەلدى. بۇ، پارتىيەمىزنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى بىر ئاساسىي تەجرىبىسى. يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدىن بۇيان، پارتىيەمىز تارىختا قانات يايدۇرغان ھەر قېتىملىق مەركەزلىك تەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىدىيەۋى تەربىيە، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى باشلىنىش قىلغان. بۈگۈن، پارتىيەمىز جۇڭگودىن ئىبارەت 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن نوپۇسى بار مۇشۇنداق بىر چوڭ دۆلەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بولۇپ، ئىنتايىن مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى - سىرتى مۇھىتى ئالدىدا، جاپالىق، مۈشكۈل بولغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بۇرچىنى زىممىسىگە ئالدى، ئەگەر نەزەرىيە تەپەككۇرى كەمچىل بولسا، سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك، قەتئىيلىكنى ساقلاش تەسكە توختايدۇ، شۇنداقلا تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشمۇ تەسكە توختايدۇ. بۇ قېتىمقى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى تۈپ خاراكتېرلىك ۋەزىپە قىلىپ، دىققەتنى ئىدىيە يىلتىزى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيەنىڭ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش ئورتاق ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك.

نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش ھەربىر قەدەم ئىلگىرىلىسە، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى كېرەك. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ھازىرقى زامان جۇڭگودىكى ماركسىزم، 21 - ئەسىردىكى ماركسىزم، پارتىيە ۋە دۆلەت جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇتىدىغان يېتەكچى ئىدىيە. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ بۇ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، ئىلمىي سىستېمىسى، مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىغا بولغان چۈشىنىشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەتراپلىق ئىگىلەپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى ئاڭلىقلىق، قەتئىيلىكنى كۈچەيتكىلى، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ھاكىم، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى غوللۇق كۈچ، جەزمەن شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىشكە، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە، ئەمەلىي ئىشلىشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۈلگە بولۇپ، پۈتۈن پارتىيەدىكىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئىرادىسىنىڭ بىرلىككە كېلىشى، ھەرىكەت قەدىمىنىڭ بىردەك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئەستايىدىللىق بىلەن ئەسلىي ئەسەرنى ئۆگىنىش، قائىدىسىنى چۈشىنىش بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئاساسى، باشتىن - ئاخىر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەسلىدىكى ئۆگىنىش ئاساسىدا يېڭى ئىلگىرىلەشكە ئېرىشىش، يېڭى يۈكسەكلىككە يېتىشكە تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىش، ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش، ئىستىلنى ياخشىلاش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا نامايان قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، بەزى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىگە سېلىشتۇرغاندا يەنىلا خېلى كۆپ پەرق مەۋجۇت بولۇپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇش، قەلبكە سىڭدۈرۈش، پۇختا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرالمىدى. ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشتا، بىلىش، ئىشىنىش ۋە ئىشلىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، مەنىۋى كالتسىينى تولۇقلاش، ئىدىيەدىن ئىبارەت بۇ رولنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

نەزەرىيە ئامما تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن ھامان قۇدرەتلىك ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرىدىكەنمىز، بىز چوقۇم جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇسىنى ئېلىپ ماڭغان پاراخوتنى دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

# يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىي بولۇشنى باش ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم يول، پارتىيەنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى جانلىق ئەمەلىيەت، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى زۆرۈر تەلەپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى تەخىرسىز ئېھتىياج ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي پەزىلەتنى تاۋلاش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش تۈپ ۋەزىپىسىنى پۇختا ئىگىلەپ، تىرىشىپ نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشتا مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، پاك - دۇرۇس بولۇپ ئۈلگە بولۇش كونكرېت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئۆگىنىش - تەربىيەنى چىڭ تۇتۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ بىر قېتىملىق نەزەرىيە چوڭ ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، قەلبلەرگە سىڭدۈرۈشكە، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، چۈشىنىپ ئۆگىنىشى، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشى، ئەمەلىي ئىشلىشىگە كۈچەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ تۆۋەنگە چۆكۈپ ئەھۋالنى چۈشىنىش، ئەمەلىي ئەھۋالنى ئىگىلەشكە تۈرتكە بولۇپ، مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈگۈننى تېپىپ چىقىپ، ئەمەلىي تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىنى پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، مەسىلىگە بىۋاسىتە يۈزلىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتەك ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، چوڭقۇر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ، ئەتراپلىق ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ، دەل جايىدا تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تۈزىتىشنى توغرا نىشان بىلەن تەمىنلەش كېرەك. تۆتىنچىدىن، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، «تۈزىتىش»نى باشتىن - ئاخىر سىڭدۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن تەرتىپكە سېلىپ، بىر تەرەپتىن تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، دەرھال تەكشۈرۈپ، دەرھال تۈزىتىپ، بىلگەن ھامان تۈزىتىش كېرەك. تۈزىتىش تەدبىرىنى مەسىلىگە قارىتىپ، ئىنچىكە، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى چىڭ كۆزلەپ قويۇپ بەرمەي تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا ئۈنۈمنى كۆرسىتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەقىقىي تۈردە تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لار سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، بەنزە ئەزالىرى «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئادا قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەربىيەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، ئۈلگە بولۇشى كېرەك. سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش، ئىختىيارىي ئارىلاپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سۆھبەتتى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ھەيدەكچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىشنى قاتتىق، ئەمەلىي كۈچەيتىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. تەشۋىقات سالمىقىنى زورايتىپ، ئىجابىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىلغار تىپلارنى تاللاپ تۇرغۇزۇپ تەشۋىق قىلىپ، باش تېما تەربىيەسى ئۈچۈن ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك. شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا ئېلىپ بېرىلىشىغا، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

سۇڭ يۈيىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭ باش تېما تەربىيەسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى، تەستىق سالدى، 5 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقى، مۇھىم تەستىقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرى بويىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا زىچ تايىنىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ياردەم بېرىش، مۇلازىمەت قىلىشنىڭ جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئەھۋالنى چوڭقۇر ئىگىلىشى، خىزمەت تەكلىپى بېرىشى، باش تېما تەربىيەسىگە ئائىت تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، بىڭتۈەن رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، قىسمەن پېنسىيەگە، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم يولداشلار، مەركەز يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلار، ئاپتونوم رايون (مەركەز)غا بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەرقايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ 1 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىرى، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىرى ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

**ئاپتونوم رايون قىسمەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى**

# ئاپتونوم رايوننىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنپېي خەۋەر قىلىدۇ:** 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئاپتونوم رايون قىسمەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلىش تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ «قىسمەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئۆگەندى، يەتكۈزدى، ئاپتونوم رايوننىڭ قىسمەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش خىزمىتىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، بۇ تۈردىكى خىزمەتنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: قىسمەن ئارمىيەدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىسى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنىڭ شەرەپ تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىسىنى قانۇن بويىچە مۇۋاپىق ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ھەر دەرىجىلىك مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتلاممۇقاتلام ياخشى تۇتۇشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قادىلبېك قامزا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.